# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىزى رۇكۇسى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تۇرىشى، سەجدە قىلىشى، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدىكى ئولتۇرىشى ئاساسەن بىر -بىرىگە يېقىن ئىدى

ھەكەم ئېيتتى: كۇپە شەھرىگە زەمەن ئىبنى ئەشئەس ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىدا، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇللاھنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇ كىشى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە: "پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەر تولغىچە ۋە سەن ياراتقان ۋە يارىتىدىغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ سانىچە ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن، سەن مەدھىيلەش ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن، سەن بەرگەننى توسۋالغۇچى يوق، سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ" دېگەن دۇئانى ئوقۇغان مىقداردا تۇراتتى، ھەكەم مۇنداق دېدى: مەن بۇ ئىشنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى لەيلاغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: مەن بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىزى بولسا رۇكۇسى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تۇرىشى، سەجدە قىلىشى، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىشى ئاساسەن بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى» ، شۇئبە مۇنداق دېدى: "مەن بۇ سۆزنى ئەمرۇ ئىبنى مۇررەگە دېسەم، ئۇ كىشى: مەن ئىبنى ئەبى لەيلانى كۆرگەن، ئۇنىڭ نامىزى بۇنداق ئەمەس ئىدى دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كۇپە شەھرىگە زەمەن ئىبنى ئەشئەس ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىدا، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇللاھنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى "مەتەر ئىبنى ناجىيە "بولۇپ، ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە مۇشۇنداق ئاتىغان، ئەبۇ ئۇبەيدە بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى، ئۇ كىشى ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرسە: "پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدىلەر بولسۇن"دېگەن مىقداردا تۇردى ۋە مۇشۇ مىقتاردا دۇئا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇ نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئارتۇق : "پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەر تولغىچە ۋە سەن ياراتقان ۋە يارىتىدىغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن..."دېگەن دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەب بولىدۇ، بۇ توغۇرىسدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىمام سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدە دېسە يەنى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقاننى ئاڭلىغۇچىدۇر دېسە، سىلەر: پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدىلەر بولسۇن"دەڭلار دېگەن، پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدىلەر بولسۇن"دېگەن ھەم دۇئا ھەم ئېتىراپ قىلىشتۇر، يەنى ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، سەن بىزنى ھىدايەت قىلغان ۋە ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىق ئۈچۈن ساڭا كۆپلەپ ھەمدىلەر بولسۇن، ئاسمانلار ۋە زېمىن تولغىچە دېگەن سۆز ئارقىلىق ئېيتىلىدىغان ھەمدە _سانانىڭ مىقدارىنىڭ كاتتىلىقى ۋە سانىنىڭ كۆپلىكى مەقسەت قىلىنىدۇ،بۇنىڭ مەنىسى: ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن مۇشۇنداق مەدھىيلەشكە لايىقسەن، ئەگەر بۇ مەدھىيلەر جىسىم بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئاشۇنىڭ ھەممىسىنى توشقۇزاتتى دېگەنلىكتۇر، سەن ياراتقان ۋە يارىتىدىغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ سانىچە ھەمدۇ_سانا ئېيتىمەن، يەنى سېنىڭ كەڭرى پادىشاھلىقىڭدا بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىچە ھەمدۇ _سانا ئېيتىمەن، سەن مەدھىيلەش ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن، يەنى سەن ئى پەرۋەردىگارىمىز! مۇتلەق شان_شەرەپ، ماختاش_مەدھىيلەرنىڭ ساھىبى سەن، سېنىڭ شان_شەرىپىڭ چەكسىزدۇر، سەن بەرگەننى توسۋالغۇچى يوق، يەنى سەن بېرىشنى مەقسەت قىلساڭ ئۇنى توسۋالغۇچى يوق، سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، يەنى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئادىللىقىڭ ۋە ھېكمىتىڭ بىلەن

چەكلەشنى مەقسەت قىلساڭ، سەن چەكلىگەننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ" يـەنى، سـېنىڭ دەرگاھىڭـدا بـايلارنىڭ بـايلىقى، ئـابرويى ئەسـقاتمايدۇ، ئـۇنى سـېنىڭ ئازابىڭـدىن قۇتقۇزالمايـدۇ، ئەجىر_ساۋاپتىن بىر نەرسىنى كۆپەيتىپ بېرەلمەيدۇ، پايدا_مەنپەئەت پەقەت سېنىڭ ئىرادەڭگە ئالاقىدار بولىدۇ، ھەكەم مۇنداق دېدى: مەن بۇ ئىشنى ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبى لەيلاغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: مەن بەرا ئىبنـى ئـازىب رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇنـىڭ مۇنـداق دېگـەنلىكىنى ئاڭلىغـان: «پەيغەمبـەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ نـامىزى بولسـا رۇكۇئسى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تۇرىشى، سەجدە قىلىشى، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىشى ئاساسەن بىر_بىرىگە يېقىن ئىدى» يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ رۇكنىنىڭ(پەرىزلىرىنىڭ) ئارىسى ئازراق پەرق بولسىمۇ مىقداردا يېقىن ئىدى، قىيامدا ئۇزۇن تۇرغان بولسا، رۇكۇئنىمۇ قىيامغا يېقىن ھالەتتە ئۇزۇن قىلاتتى، نامازنىڭ قالغان پەرزلىرىنىمۇ شۇنداق قىلاتتى، قىيامنى يەڭگىل قىلسا، رۇكۇئنىمۇ قىيامغا يېقىن بولغان ھالەتتە يەڭگىل قىلاتتى، نامازنىڭ قالغان پەرزلىرىنىمۇ شۇنداق قىلاتتى،بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ بەزى ھالەتلىرىنى بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ۋاقىتلار نامازنى بەك ئۇزۇن ئوقۇيتتى، بۇ ھەدىسمۇ بەزى ۋاقىتتا ئوقۇلغان نامازنى ئىپادىلەيدۇ، سۆزنىڭ خۇلاسىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزى ئاساسەن مىقداردا بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى، رۇكۇ قىلىشى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىشى، سەجدە قىلىشى، ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرىشى مىقداردا بىر_بىرىگە يېقىن ئىدى، بەزى ۋاقىتتا قىيامدا قىرائەتنى ئۇزۇن قىلاتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10924

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee